# ھەقىقەتەن مېنىڭدىن كېيىن قالغىنىڭلاردا، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننەتلىرىنىڭ سىلەرگە يېۈزلىنىشىدىن ئەنسىرەيمەن

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، بىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن مېنىڭدىن كېيىن قالغىنىڭلاردا، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننەتلىرىنىڭ سىلەرگە يۈزلىنىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈممىتىگە دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە زىننەتلىرىنىڭ يۈزلىنىشىدىن ئەنسىرىدى. بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە كۆيۈنگىنى ۋە مېھرىبانلىق قىلغانلىقىدىندۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننەتلىرى يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھىدايەتتىن، ئۇتۇق قازىنىشتىن ۋە نىجاتلىق يولىدىن ئېزىپ كېتىپ، تۈگىمەس ئۆلۈم بىلەن تەۋبەسىز دۇنيادىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزۈرىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4180